# جوڭگو (ختاي) | CHINA

**USCIRF– RECOMMENDED FOR COUNTRIES OF PARTICULAR CONCERN (CPC)**

ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى (USCIRF) ئامېرىكا فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەقىل ، بىتەرەپ ئورگىنى بولۇپ ، چەت ئەللەردىكى دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى نازارەت قىلىدۇ. بۇ كومىتېت 1998-يىل تۈزۈلگەن خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قانۇن لايىھىسى(IRFA) گە ئاساسەن قۇرۇلغان بولۇپ ، چەت ئەللەردىكى دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش ئەھۋالىنى خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە نازارەت قىلىدۇ ھەمدە پرېزىدېنت ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مەجلىسىگە سىياسىي مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ كومىتېت ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن پەرقلىنىدىغان مۇستەقىل ئورگان. 2020-يىللىق دوكلات مەزكۇر ئورگاندىكى كومىسسار ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ بىر يىللىق خىزمەت نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلىدۇ ، ئۇلار دىنىي ئەركىنلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش ئەھۋالىنى دەلىل-ئىسپاتلىرى بىلەن خاتىرىلەيدۇ ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئايرىم سىياسىي تەكلىپلەرنى بېرىدۇ. 2021-يىللىق دوكلات 2020-يىلى 1-ئايدىن 2020-يىلى 12-ئايغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، شۇنداقتىمۇ بۇ ۋاقىتتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن يۈز بەرگەن بەزى مۇھىم ۋەقەلەرنى تىلغا ئالىدۇق. ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ، بۇ تور ئادرېسىغا كىرىڭ ياكى 3240-523-202 نومۇرنى بېسىپ مەزكۇر كومىتېت بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىڭ.

## مۇھىم بايقاشلار

2020-يىل ختايدىكى دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالى قاتتىق ناچارلىشىپ كەتتى. ختاي ھۆكۈمىتى «دىنلارنى ختايلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى كۈچەيتتى ، بولۇپمۇ چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى بار دەپ قارالغان خرىستىيان دىنى ، ئىسلام دىنى ، تىبەت بۇددىزمى قاتارلىق دىنلارنى ھۇجۇم نىشانى قىلدى. ختاي ھۆكۈمىتى يەنە ئىلگىرى ئىشلىتىپ باقمىغان ئىلغار كۆزىتىش تېخنىكىسىنى داۋاملىق ئىشلىتىپ ، ئاز سانلىق مىللەت ئېتىقادچىلىرىنى نازارەت ۋە تەقىپ ئاستىغا ئالدى ، ئاندىن يانفوندىن باشلاپ دىنىي جامائەتنى باشقۇرۇش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كىچىكلەتتى.

9-ئايدا ، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر رايونى (يەنى شىنجاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىكى 380 تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىنى ئېنىقلىدى ، بۇنىڭ ئىچىدە 2019-ۋە 2020-يىللىرى يېڭى سېلىنغانلىرىمۇ بار. مانا بۇلار ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ گەرچە « تۇتۇلغانلارنى قويۇپ بەردۇق» دېگەن بولسىمۇ ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلق مۇسۇلمانلىرىنى داۋاملىق تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىگىلىنىشىچە ، 2017-يىلدىن باشلاپ ، ختاي ھۆكۈمىتى ساقال قويۇش ، ھاراق ئىچمەسلىك ياكى شۇنىڭدەك باشقا ھەرىكەتلەرنى «دىنىي ئاشقۇنلۇق» دەپ قاراپ ، مىليونلىغان مۇسۇلمانىنى لاگېرلارغا يوللىغان. لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىقالىغان مەھبۇسلار ئۇ يەردە قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقى ، باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ، تۇغماس قىلىۋېتىلگەنلىكى ۋە باشقا زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان. مۇتەخەسسىسلەر ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارا قانۇندا ئېنىقلىما بېرىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە ئايلىنىش مەسىلىسىگە دىققەت قىلغان. دوكلاتتا يەنە ئۇيغۇر رايونىدىكى تۈرمە لاگېرلار ، زاۋۇتلار ۋە سانائەت باغچىلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ، ختاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى ، دىنى ۋە مەدەنىيىتى ئۈچۈن مۇھىم بولغان مەسچىت ، مازارلىق قاتارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تاقاش ۋە ۋەيران قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان.

ختاي ھۆكۈمىتى تىبەت بۇددىزمىنى ئومۇميۈزلۈك كونترول قىلىش ۋە باستۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان. 8-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن 7- نۆۋەتلىك تىبەت خىزمىتى يىغىنىدا ختاي سېكرېتارى شى جىنپىڭ تىببەت بۇددىزمىنى ختايچە سوتسىيالىزم بىلەن ماسلاشتۇرۇش ۋە تىبەتلىكلەرنى «بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» قا سەپەرۋەر قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئارقىدىن يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تىبەت راھىبلىرى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ، بۇ سىياسەتلەرنى راھىب ۋە راھىبەلەرگە تەشۋىق قىلماقچى بولغان. ئۇلار سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى ياچېنگار بۇددا دىنى مەركىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان موناستىر ۋە بۇتخانىلارغا قاتتىق چەكلىمە قويغان بولۇپ ، چوقۇنغۇچىلارنىڭ بۇ ئورۇنلارغا كىرىشىنى چەكلىگەن. دائىرىلەر يەنە ئوقۇغۇچىلار ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىبەتلىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى دىنىي يىغىلىشلارغا قاتنىشىشىنى كەڭ كۆلەمدە چەكلىگەن ، ئۇلار تىبەتلىكلەرنى دالاي لامانىڭ تەلىماتلىرىنى ئاڭلىغانلىقى ياكى ئۇنىڭ سۈرىتىنى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلغان ۋە جازالىغان.

ۋاتىكان بىلەن ختاي ئېپىسكوپ تەيىنلەش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان بولۇشىغا قارىماي ، ختاي ھۆكۈمىتى ئۆزى قوللايدىغان كاتولىكلار بىرلەشمىسىگە كىرىشنى رەت قىلغان سۈي تەي ۋە خۇاڭ جىنتوڭ قاتارلىق يەر ئاستى كاتولىك ئېپىسكوپلىرىغا داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سالغان ، ئۇلارنى قاماققا ئالغان ۋە قىينىغان. ئۇلار يەنە ھۆكۈمەت تەستىقلىغان «خرىستىيان مەزھەپلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى» گە قاتنىششنى رەت قىلغان پروتېستانت چېركاۋلىرىنىڭ ئەزالىرىنى پاراكەندە قىلغان ، قولغا ئالغان ۋە تۈرمىگە تاشلىغان ؛ 4-ئايدا ، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆي چېركاۋى پوپى جاۋ خۇەيگونى «دۆلەت ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلىش» جىنايىتى بىلەن قولغا ئالغان ۋە ئەيىبلىگەن ؛ 10-ئايدا جېجياڭ ئۆلكىسى تەيجوۋ شەھىرىدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى خرىستىيان كىتابپۇرۇش چېن يۈنى «قانۇنسىز تىجارەت» بىلەن شۇغۇللاندى دەپ يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان ۋە 30 مىڭ دوللار ئەتراپىدا جەرىمانە قويغان. ھۆكۈمەت يەنە «دىنلارنى

خىتايلاشتۇرۇش» ھەرىكىتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، كاتولىك ۋە پروتېستانت چېركاۋلىرىنى چېقىپ، كرېستلارنى سۇندۇرغان. بۇنىڭدىن باشقا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا ماھايانا بۇددىستلىرى ، تويىن دىنى مۇخلىسلىرى ئىبادەتخانىلىرى ۋە باشقا ئاممىۋى بۇتخانىلارنى چېقىۋەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەرلەر تارقالغان.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 2020-يىلى مىڭلىغان فالۇنگۇڭچى ئۆز ئېتقادى بويىچە پائالىيەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغان ۋە قولغا ئېلىنغان ، بەزىلىرى قاماقتا تۇرغاندا خورلاش ۋە قىيناش سەۋەبىدىن قازا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئىشەنچلىك خەلقئارالىق دوكلاتلاردا يەنە فالۇنگۇڭچىلارنىڭمۇ خىتايدىكى ئىچكى ئەزا ئوغرىلىقىنىڭ زىيانكەشلىكىگە داۋاملىق ئۇچرىغانلىقى ئېھتىمالى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

10-ئايدا ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) غا ئەزا 39 دۆلەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ۋە تىبەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئېتقادچى ئاممىنى جازا لاگېرلىرىغا سولاش، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتقاد ئەركىنلىكىنى چەكلەش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە تۇغۇت چەكلەش قاتارلىق دەپسەندىچىلىك سىياسىتىنى ئەيىبلىگەن.

### ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە تەۋسىيە

- جۇڭگو (خىتاي) ھەددىدىن ئاشقان ئۇسۇللار بىلەن داۋاملىق ، سىستېمىلىق ھالدا دىنىي ئەركىنلىكنى دەپسەندە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قانۇنى (IRFA) بويىچە «مەسىلە ئېغىر دۆلەت» دەپ بېكىتىش كېرەك ؛
- ئامېرىكىنىڭ ھازىر بار بولغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» ۋە «تىبەتلەرنى قوللاش سىياسىتى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلىرىنى تولۇق ئىجرا قىلىپ ، خىتاينىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە دىنىي ئەركىنلىككە ئېغىر دەخلى-تەرۇز قىلىشقا مەسئۇل ئەمەلدارلارغا قاراتمىلىق ھالدا مالىيە ۋە ۋىزا جازاسىنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك ؛
- ئوخشاش پىكىردىكى دۆلەتلەرنى شىنجاڭدىكى زىيانكەشلىكنىڭ خەلقئارا قانۇن بويىچە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ياكى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ئىكەنلىكىنى ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى مۇستەقىل تەكشۈرۈپ ، رەسمىي ئېنىقلاپ ، بىرلىكتە تەدبىر قوللىنىپ ، خىتايىنى جاۋابكارلىققا تارتىشقا چاقىرىش كېرەك ؛
- 2022-يىللىق قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈشكە بولغان ئەندىشىسىنى ئوچۇق بىلدۈرۈش ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئەركىنلىككە زەربە بېرىش ھەرىكىتى داۋاملاشسا ، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇ مۇسابىقىگە قاتناشمايدىغانلىقىنى جاكارلاش كېرەك ؛
- خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئامېرىكىدىكى تەسىر كۈچىگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش ، كۆڭۈلى ئىنستىتۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەشۋىقات ئورۇنلىرىنىڭ خىتاينىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرۇش قىلمىشلىرىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى باستۇرۇپ قويۇشىغا يول قويماسلىق كېرەك.

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىگە تەۋسىيە:

- خىتايغا مۇناسىۋەتلىك دىنىي ئەركىنلىكنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنلىرىنى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى (H.R.6210 / S.3471) نى قوللاش.

### ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە پائالىيەتلىرى

- ئىسپات ئاڭلاش: خىتايدىكى دىنلارنى تېخنىكىلىق نازارەت قىلىش
- ئېكران خەۋىرى: خىتاينىڭ 2019-يىللىق ئېتقادچى ئاما نىزامى
- مەخسۇس سەھىپە: خىتايدا مۇسۇلمان بولۇش خەتەر ئاستىدا ياشاش دېگەنلىكتۇر. (تاغدا)

## ئارقا كۆرۈنۈش

مۆلچەرلىنىشىچە ، خىتايدا تەخمىنەن 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇس بار ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇددىستلار تەخمىنەن 18 پىرسەنتنى ، خرىستىيانلار 5 پىرسەنتنى ، مۇسۇلمانلار 2 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا فالۇنگۇڭ ، تويىن دىنى ۋە يەرلىك ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېتىقادلار بار.

خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزۈندىن بۇيان دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دىنلار بىلەن دۈشمەنلىشىشكە باشلىدى ؛ ئىسلام دىنى ، تىبەت بۇددىزمى ۋە خرىستىيان دىنىنى «چەتئەل» تەسىردىن قۇتۇلدۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ سىياسەتلەر ئېتىقادچى ئاممىدىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تۈزۈمى ، مەقسىتى ۋە مەنپەئەتىنى قوللاشنى ، جۈملىدىن دىنلارنىڭ تەلىماتلىرىنى خىتاي كومپارتىيەسى ئىدىئولوگىيىسىگە ماسلاشتۇرۇشنى ، ئۇلارنىڭ بىناكارلىقى ، مۇقەددەس يادىكارلىقى ۋە بەلگىلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. تىزىمغا ئالدۇرغان ياكى ئالدۇرمىغان بولسۇن ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قېچىپ يۈرگەن دىنىي گۇرۇھلار ۋە شەخسلەر پاراكەندىچىلىككە ئۇچرايدۇ ياكى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.

2018-يىل چىققان «يېڭى دىن ئىشلىرى نىزامى» بارلىق «قانۇنسىز» دىنىي ئوقۇتۇشلارنى ئۇنۇملۇك چەكلىگەن ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرنى كونترول قىلىشتىكى رولىنى كۈچەيتكەن. «خىتاي جىنايى ئىشلار قانۇنى» نىڭ 300-ماددىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ، فالۇنگۇڭ ياكى «ھەممىگە قادىر ئىلاھنىڭ چېركاۋى»غا ئوخشاش بەزى دىنىي ھەرىكەتلەرگە قېتىلغان ، ھۆكۈمەت ئېغىر دەپ قارىغان دېلولارغا ئۈچ يىلدىن يەتتە يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلگەن.

## خوڭ كوڭنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنىدىكى دىنىي ئەركىنلىك

6-ئايدا خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كەڭ كۆلەملىك نامايىشتا خوڭ كوڭنىڭ يېڭى «دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى»نى ماقۇللىدى. بۇ قانۇن «بۆلگۈنچىلىك ، ئاغدۇرمىچىلىق ، تېرورلۇق ۋە چەتئەل كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش» نى جازالايدىغان كەڭ ۋە مۈجمەل ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 12-ئايدا ، خوڭ كوڭ ھۆكۈمىتى جىمىي لەينى «چەتئەل كۈچلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردى» دەپ ئەيىبلەپ ، ئۇنى قانۇن بويىچە ئەيىبلەنگەن تۇنجى يۇقىرى دەرىجىلىك شەخسكە ئايلاندۇرغان. كاتولىك دىنى مۇخلىس جىمىي لەي خىتايدا دىنىي ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ ، خوڭ كوڭدىكى دىنىي ئەركىنلىكنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. 12-ئايدا ، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتىنىڭ كومىسسارى جوننىي مور مەزكۇر كومىتېتنىڭ «دىنىي ۋىجدان مەھبۇسلىرى» (RPOC) تۈرى ئارقىلىق جىمىي لەينى قوبۇل قىلغان. خوڭ كوڭدىكى دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇرۇش ئۈچۈن خىتاي بۇنى سۈيئىستېمال قىلغان بولۇشى مۇمكىن ، چۈنكى نۇرغۇن سىياسىي پائالىيەتچىلەر ، نامايىشقا قاتناشقۇچىلار ، رەھبەرلەر ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە دىن بىلەن مۇناسىۋىتى بار.

## ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى ئۇيغۇر قۇللار

2020-يىللىق دوكلاتتا ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىكى قۇل ئەمگەك مەسىلىسى داۋاملىق تەكىتلەندى. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرىغا چېتىشلىق مەجبۇرىي ئەمگەك شىنجاڭ رايونىدىكى تەربىيىلەش مەركىزى ، تۈرمە-لاگېرلار ، زاۋۇتلار ۋە سانائەت باغچىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» ۋە «مىللەتلەر ئارا تويلىشىش» پروگراممىسى بىلەن باغلىغان. 7-ئايدا ، ئامېرىكىدىكى تۆت ھۆكۈمەت ئورگىنى «شىنجاڭدىكى مال تەمىنلەش زەنجىرىگە مۇناسىۋەتلىك پىكىر» بايان قىلغان بولۇپ ، مال تەمىنلەش زەنجىرىدىكى قۇل ئەمگىكى بىلەن چېتىشلىقى بولغان كارخانىلارنى ئاگاھلاندۇرغان ھەمدە ئۇيغۇر رايونىدا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ ئىناۋەت ، ئىقتىساد ۋە قانۇن جەھەتتىكى خەۋپىنى ئويلىشىشقا ئاگاھلاندۇردى. بەزى شىركەتلەر ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئىشلەتكەن دەپ گۇمان قىلىنغان تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى ، يەنە بەزىلىرى تەمىنلەش زەنجىرىدە مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئىشلىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى تەرەپ ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## ئامېرىكىنىڭ ھالقىلىق سىياستى

2020-يىلى ، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى خىتايدىكى دىنىي ئەركىنلىك ئەھۋالىنىڭ ناچارلاشقانلىقىنى داۋاملىق ئەيىبلىدى ، بۇنىڭ ئىچىدە سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېيونىڭ 11-ئايدا 2020-يىللىق دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش مىنىستىرلىقىدا قىلغان سۆزى بار. ئاندىن خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىكنىڭ باش ئەلچىسى سامۇئىل بروۋنبەك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سۇئىئىي ئەقىل ۋە چىراي تونۇش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرىنى باستۇرۇش مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ، باستۇرۇلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي سەۋەبلەر بىلەن جازا لاگېرلىرىدا قامالغان. 12-ئاينىڭ 2-كۈنى ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك قانۇنى (IRFA) غا ئاساسەن خىتاي كومپارتىيەسىگە جازا بېكىتىپ ، خىتاينىڭ جىنايىتىگە ياردەم بېرىدىغان كونترول ۋە نازارەت قىلىش تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى خىتايغا ئېكسپورت قىلىشنى چەكلىدى. 2021-يىلى 1-ئايدا ، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك

مۇسۇلمانلىرىغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ بېكىتتى.

5-ئاي ۋە 7-ئايلاردا ، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ ، جەمئىي 19 خىتاي شىركىتى ۋە بىر ھۆكۈمەت ئورگىنىنى جازالاش تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. 7-ئايدا ، ئامېرىكا مالىيە مىنىستىرلىكى خىتاي ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزدى ، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ھۆكۈمىتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى چېن چۈەنگومۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ھەمدە ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش ، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا بىۋاسىتە قاتناشقان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئەترىتى(XPCC) قاتارلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىمۇ بار.

5-ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئىككى پارتىيەنىڭ بىلەت تاشلىشى بىلەن «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» نى ماقۇللاندى ، پرېزىدېنت دونالد ترامپمۇ 6-ئايدا بۇ قانۇننى ئىمزالىدى. بۇ قانۇن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە جاۋابكار خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزۈش ھوقۇقى بەردى. 12-ئايدا تارقىلىشچان ۋابا ۋىرۇسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە «تىبەتلەرنى قوللاش سىياسىتى قانۇنى» (HR4331)ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسى تەرىپىدىن ماقۇللاندى ، پرېزىدېنتمۇ بۇنىڭغا ئىمزا قويدى. بۇ قانۇن تىبەت خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ، ئۆز دىنى رەھبەرلىرىنى تاللاش ۋە ھۆرمەتلەش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر قانۇندۇر. ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى(USCIRF) «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» ۋە «تىبەتلەرنى قوللاش سىياستى قانۇنى»نى تۈزۈشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەردى.

9-ئايدا ، ئاۋام پالاتاسى «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» (H.R.6210) نى ماقۇللاپ ، شىنجاڭدىن مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان تولۇمچىلىق ، پاختا ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلىدى. 10-ئايدا ، ئامېرىكىنىڭ 6 كېڭەش پالاتا ئەزاسى ئىككى پارتىيەنىڭ قارارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتتى.